# «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دىكى شېئىرىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**نىجات سوپى**

(ئىلى پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى دوتسېنتى، دوكتور، **835000**)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى شېئىرىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرلىرى ۋە بۇ ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. ھەمدە بۇ ئارقىلىق «دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلىكى، بۇ ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئەينى زامانغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولالايدىغانلىقىمىز كۆرسىتىلگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «دىۋان»، شېئىرلار، ئوخشىتىش، مەدەنىيەت ئامىللىرى.

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» بۈندىن 1000 يىللار ئىلگىرىكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ئەرەب تىلى دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن يېزىلغان لۇغەتتۇر. مەزكۇر لۇغەتتە ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى ئىزاھلىغان ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسى، ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا بىر قىسىم رىۋايەت، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مىسال تەرىقىسىدە ئىشلەتكەن. گەرچە بۇ پارچىلار مىسال سۈپىتىدە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردىن مەلۇمات بېرىدىغان مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ئىچىدە سانى ۋە تۈرى ئەڭ كۆپ ژانىر شېئىر ـ قوشاقلاردۇر. «دىۋان»دا ئىشلىتىلگەن شېئىر ـ قوشاقلار تەكرارلانغىنىنى چىقىرىۋەتكەندە 237 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە داستاندىن پارچىلار، مەرسىيەلەر، پەندنامىلەر، مۇھەببەت قوشاقلىرى،

تەبىئەت ھەققىدىكى قوشاقلار، باتۇرلۇق ۋە جەڭ قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى ۋە ئوۋ قوشاقلىرى بار. ئۇلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ موللىقى بىلەن بىزنى ھېلىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، جۈملىدىن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلاردا قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەر ئاز ئەمەس. ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئۇنىڭدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋول قاتارلىق نۇرغۇن ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ ئىشلىتىلگەن ئىستىلىستىك ۋاستە ئوخشىتىشتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندە بىز بۇ ماقالىدا «دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. شېئىر ـ قوشاقلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلاردا ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم شاخلانما تۈرلىرىمۇ بار.

### 1) ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى:

«دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلاردا ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتىمىز.

#### (1) ئېنىق ئوخشىتىش

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئېنىق ئوخشىتىش ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشالغۇچى شەيئىلەر تاشقى قۇرۇلمىدا ئېنىق كۆرۈنگەن، كۆپىنچە ھاللاردا مۇناسىپ ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش شەكلىدۇر. مەسىلەن:

øpkɛm kɛlip oʁradim
arslanlaju køkrɛdim
alplar baʃïn toʁradïm
ɛmdi mɛni kim tutar

(غەزىپىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارىسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ.) [1]

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 169 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «مەن»، ئوخشىغۇچى «ئارسلان» بولۇپ، ئوخشىتىش سۆزى «لايۇ» ئارقىلىق نېمىنى نېمىگە ئوخشاتقانلىقنى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە مەسىلەن:

qani aqip juʃuldï
qapi qamuʁ tɛʃildi
ølyk bilɛ qoʃuldï
tuʁmïʃ kyni uʃ patar

(تۇلۇم تېشىلىپ ئاققاندەك، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەممە قېنى ئېقىپ بولدى. ئۆلۈكلەرگە قوشۇلدى، ئۇنىڭ كۈنى تۇگىدى.)[2]

بۇ مىسالدا قاننىڭ ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ھالىتى تۇلۇم تېشىلىپ ئۇنىڭدىن سۇيۇقلۇق ئېقىپ كېتىۋاتقان ھالەتكە ئوخشىتىلىدۇ. شېئىري ئىخچاملىق ئېھتىياجى بىلەن ئوخشىتىش سۆزى ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمىنى نېمىگە ئوخشاتقانلىقى يەنىلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەنە مەسىلەن:

jaqïn jaruq kørmɛzip nɛŋni køzyr
qaðaʃ taba ït kɛbi qïŋru baqar

(ئادەملەر يېقىن ـ يىرۇقلىرىنى نەزەردە تۇتمايدۇ، سۆڭەكتىن قىزغانغان ئىتقا ئوخشاش قىڭغىر كۆز بىلەن باقىدۇ.)[3]

بۇ مىسالدا يېقىن كىشىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان بىر قىسىم

---

[2]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم 178 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى

[3]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 27 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

ناچار كىشىلەر سۆڭەكتىن قىزغانغان ئىتقا ئوخشىتىلىدۇ. «كەبى» بولسا ئوخشىتىش سۆزىدۇر.

### (2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش

يوشۇرۇن ئوخشىتىش (مېتافورا) ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بىرئاز يوشۇرۇن كەلگەن، ئېنىق ئوخشىتىشنىڭ ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىلىرى قوللىنىلماستىن، زورۇر تېپىلغاندا ئۇنىڭ ئورنىدا مۇناسىپ ھۆكۈم باغلىغۇچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدىغان، ئوخشالغۇچىنى ئوخشىغۇچىدۇر دەپ بىۋاستە كۆرسىتىدىغان ئوخشىتىش شەكلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

øʧ kɛk qamuʁ kiʃiniŋ jalïŋuq yzɛ alïm bil
ɛzgylykyg uʁanqa ɛlikiŋ bilɛ tɛlim qïl

(ئۆچ ـ ئاداۋەت _ تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرزدۇر، مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل.)[4]

بۇ مىسالدا ئوخشالغۇچى «ئۆچ ـ ئاداۋەت»، ئوخشىغۇچى «تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرز»، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «ئۆچ ـ ئاداۋەت_ تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرزدۇر.» دېگەن ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، ھېچقانداق ئوخشىتىش قوشۇمچىسى قوللىنىلمىغان.

---

[4]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 61 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى

øzym mɛniŋ bødyrsin
oti aniŋ ʧaqlanur

(مېنىڭ كۆڭلۇم بۆدۈنە، ئۇنىڭ ئوتى چاقنايدۇ.)[5]

بۇ مىسالدا «مەن» ئۆزىنى «بۆدۈنە»گە ئوخشىتىپ، «مەن ئۆزەم بۆدۈنە» دەيدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا «بۇ ئۇ دۇر»دىن ئىبارەت ھۆكۈم شەكلى قوللىنىلغان.

## (3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش

ۋەكىللىك ئوخشىتىش (ئىستىئارە) ئەڭ ئىخچام ئوخشىتىش شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەستىن ئوخشىغۇچى بىۋاستە ھالدا ئوخشالغۇچىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

bɛrdï saŋa jɛk utru tutup bal
bartʃin kɛðipɛn tɛly juwʁa qal

(شەيتان سىنى قارشى ئېلىپ بال تۇتتى، يىپەك كىيدىڭ، ئەقىلسىز بولۇپ قېلىۋەر.)[6]

بۇ مىسالدا دۇنيانىڭ لەززىتىنى بالغا ئوخشىتىدۇ، بىراق ئالدىنقى ئىككى تۈردىكى ئوخشىتىشلاردەك «ئۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ» ياكى «ئۇ بۇ دۇر» دېگەن شەكىلدە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئىخچام ھالدا «دۇنيانىڭ لەززىتى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا «بال»نى بىۋاستە دەسسىتىدۇ.

---

[5]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 666 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى
[6]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 213 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

ɛndik kiʃi tɛtilsyn
ɛl tøry jɛtilsyn
toqli børi qatilsun
qaðʁu jɛmɛ sawilsun

(ئەندىككەنلەر ھۆشنى تاپسۇن، ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن، توقلا، بۆرە قېتىلسۇن، قايغۇ يەنە تۈگىسۇن.)⑦

بۇ مىسالدا بىر ـ بىرىگە قارشى كۈچلەرنى «توقلا» بىلەن «بۆرە»گە ئوخشىتىدۇ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىششقا چاقىرىدۇ. بۇ يەردە نېمىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمەستىن، بەلكى ئورنىغا دەسسىتىش يولى ئارقىلىق ھەم ئوبرازلىق، ھەم ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلىنىدۇ.

bilgɛ bøgy junʧidï
aʒun ɛti janʧidï
ɛrdɛm ɛti tïnʧidï
jɛrgɛ tɛgip syrtylyr

(بىلىملىكلەر، ئاقىللار خارابلاشتى، دۇنيا ئۇلارنىڭ گۆشنى غاجىلىدى، ئەردەم گۆشى بۇزۇلدى، يەرگە تېگىپ سۈرتۈلۈر.)⑧

بۇ مىسالدا «ئەخلاق بۇزۇلدى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا ئوخشىتىش يولى بىلەن «ئەردەم گۆشى بۇزۇلدى» دېگەن بىرىكمىنى قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق پىكىر يەنىمۇ ئىخچام، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، «دىۋان» بىز بۇگۈنكى كۈندە تەتقىق قىلىپ كۆرسەتكەن

⑦«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 144 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى
⑧«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 414 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

ئوخشىتىشنىڭ ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش قاتارلىق ئۈچ ئاساسي شەكلىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان تىللىرىدىكى ئوخشىتىشنى قوللىنىش شەكىللىرى بىلەن ئاساسەن بىردەك. شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك ئۇنىڭ بىر قىسىم ئوخشىتىش سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. «دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلاردىكى ئوخشىتىشلاردا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «كەبى» سۆزى قوللىنىلغاندىن سىرت، يەنە ئوخشىتىش سۆزى ئورنىدا بەزىدە «لايۇ، لەيۇ» قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئادەتتە بۇنىڭ ئورنىدا «دەك، تەك» قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ.

**2) ئوخشىتىشنىڭ شاخلانما تۈرلىرى:**

«دىۋان»دا ئوخشىتىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاساسي تۈرلىرىدىن باشقا يەنە بىر قانچە شاخلانما تۈرلىرىمۇ قوللىنىلغان.

**(1) نەقىللىق ئوخشىتىش**

بۇنىڭدا مەلۇم بىر قائىدىنى چۈشەندۈرۈشتە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىرەر ئىش، ھەقىقەت، قائىدە، مىسال ياكى تەمسىل نەقىل ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

tɛgyr mɛniŋ sawïmni bilgɛligɛ aj
tïnur qalï at atsa qïsraq sïnï taj

(سۆزۈمنى ئاقىللارغا يەتكۈزگىن، ئەگەر تاي چوڭىيىپ ئات بولسا، بايتال ئارام ئالىدۇ.)[9]

بۇ مىسالدا كېيىنكى ئەۋلاتلار يېتىلىپ سەپكە قېتىلسا، ئالدىنقىلارنىڭ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى «تاي چوڭ بولسا بايتال ئارام تاپىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت ھەقىقەتنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ پىكرنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

qoldaʃ bilɛ jaraʃʁïl qarʃïp adïn ydyrmɛ
bɛk tut jawaʃ taqaʁu sywlin jazin ɛdɛrmɛ

(قولدىشىڭنى ھۆرمەت قىل، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قويما، ياۋاش توخۇيىڭنى چىڭ تۇت، دالىدىكى قىرغاۋۇلنى ئىزدىمە.)[10]

بۇ مىسالدا ئۆز يولدىشى بىلەن ياخشى ئۆتۈش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنى «ئۆيدىكى ياۋاش توخۇنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكى، ئۇنى قويۇپ دالىدىكى قىرغاۋۇلنىڭ پېيىدا بولماسلىق» كېرەكلىكىدەك ھەقىقەتنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

tɛgmɛ ɛwɛt ïʃqa køryp turʁïl ala
ʧaqmaq ʧaqïp ɛwsɛ qalï uðïnur jula

(ئىشنى كۆرگەندە ئالدىراپ كىرىشمە، ئويلىنىپ تۇرىۋال، چاقماق

---

[9] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 278 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى
[10] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 12 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

چېقىپلا چىراغ يېقىشقا ئالدىرىسا چىراغ ئۆچۈپ قالىدۇ.)[11]

بۇ مىسالدا بىر ئىشقا ئالدىرىماي ئويلىنىپ كىرىشىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، «چاقماق چاققان هامان ئالدىراپ چىراغ ياقسا ئۆچۈپ قالىدىغانلىقى»دەك ئەھۋالنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوخشىتىش بىلەن پىكىرنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

(2) كۆپ ئوخشىتىش

بىر نۇقتىدا ئوخشىتىشتىن پەقەت بىرىلا قوللىنىلماستىن، بەلكى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بىرقانچە ئوخشىتىش تەڭلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوخشىتىشنىڭ رولى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. مەسىلەن:

ardï sɛni qïz
bodï anïŋ tal
jajlïr anïn artutʃï
burnï taqï qïwal

(هارغۇزدى سېنى قىز، بويى ئۇنىڭ تال، يېيىلۇر ئۇنىڭ ئارتۇچى، بۇرنى تېخى قىرلىق.)[12]

بۇ يەردە بىرلا ۋاقىتتا قىزنىڭ بويىنى تالغا ۋە ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ ئوچۇق، كەڭرى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. يەنە قارايلى:

[11]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 31 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى
[12]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 538 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى

tyrlyk ʧɛʧɛk jazïldï
barʧïn jazïm kɛrildi
uʧmaq jɛri køryldi
tumluʁ jɛnɛ kɛlgysyz

(تۇرلۇك چېچەك يېزىلدى، كىمخاپ سىلىنجا سېلىندى، جەننەت يېرى كۆرۈلدى، قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.)[13]

بۇ مىسالدا ياز مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىپ، ياپ-يېشىل دالا كىمخاپ سىلىنجىغا، ئاندىن يەنە جەننەتكە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ياز مەنزىرىسىنى بىزگە ھەر تەرەپلىمە ھالدا يەنىمۇ ئېنىق تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ.

## (3) ئىنكار ئوخشىتىش

بۇنىڭدا مەلۇم نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى ئىنكار نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

qarduni jinʧu saqïnmaŋ
tuzʁunï manʧu sɛzinmɛŋ
bulmaduq nɛŋgɛ sɛwinmɛŋ
bilgɛlɛr ani jɛrɛr

(مۇز دانىچىسىنى ئۈنچە دەپ قالماڭ، سوغاتنى مانچا دەپ سەزمەڭ، ئېرىشكەن نەرسىگە سۆيۈنمەڭ، بىلىملىكلەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.)[14]

بۇ مىسالدا ئىنكار شەكلىدە مۇز دانىچىسى ئۈنچىگە، سوۋغات مانچاغا

---

[13] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 160-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى
[14] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 546-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى

ئوخشىتىلغان. بۇ ئارقىلىق خاتا سەزگۈدە بولماستىن، ئەكسىچە مال ـ دۇنيا، ئۈنچە ـ مارجانلارغا قارىتا توغرا چۈشەنچە، توغرا قاراشقا بولۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

دىمەك، «دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلاردا ئوخشىتىشنىڭ ئادەتتىكى ئۈچ خىل شەكلىلا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى يەنە شەكىل جەھەتتە ئاساسىي تۈرلەردىن شاخلاپ چىققان يۇقىرىقىدەك بىرقانچە شاخلانما تۈرلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن «دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش تۈرلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

### 2. شېئىر ـ قوشاقلاردىكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلاردا ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيىتى، ئېستېتىك قاراشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەر ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكىللىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن.

مەسىلەن، ئوخشالغۇچى قىلىنغان شەيئىلەر ئىچىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئارسلان، بۆرە، ئىت، تاي، بايتال، توقلا، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، توخۇ، ئوۋ قۇشى، تاپ قۇشى، تۇلۇم قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەردۇر. بۇ ئەينى زامان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قەدىمكى زامانلاردا خەلقىمىزنىڭ كۆپرەك چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇچراتقان شەيئىلىرى ئىچىدە ياۋايى ھايۋان، ياۋا قۇش، ئۆي قۇشلىرى، چارۋىچىلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2) ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەر ئىچىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي شەيئىلەر كۆپ.

مەسىلەن، تال، ئارتۇچ دەرىخى، مۇز دانىچىلىرى، چاقماق چېقىش، كەلكۈن قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن بىز ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان تۇرمۇش ھالىتىنى، شۇنىڭدەك بۇنداق تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنى كۆپرەك ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشتەك روھىيىتىنى كۆرەلەيمىز.

3) ئوخشغۇچى قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرىنى كۆرەلەيمىز. يەنى ئىسلام دىنى خانلىق تەرىپىدىن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر دالاسىغا ئۇنى قورال كۈچى بىلەن كۈچەپ تارقىتىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. مەسىلەن:

kɛlŋizlɛjy aqtimiz
kɛndlɛr yzɛ ʧiqtimiz
burχan ɛwin jiqtimiz
burχan yzɛ sitʃtimiz

(ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ باردۇق، شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىشتۇق.)[15]

بۇ پارچىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇددىستلار زېمىنىغا بېسىپ كىلىۋاتقان ھالىتىنى يەنە كەلكۈنگە ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى كۈرەشنىڭ جەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى دىنىي قاراشلىرىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر پارچىدا تەبىئەت گۈزەللىكى جەننەتكە ئوخشىتىلىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئىسلام دىنىدىكى جەننەت-دوزاق كۆزقارىشىنىڭ ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئېڭىغا سىڭىپ ئۈلگۈرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

---

[15]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 448-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى

4) ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن خەلقىمىزنىڭ كىشىلىك ئەخلاق، ئىلىم ـ ھېكمەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن، ئۆچ ـ ئادەۋەتنى مەجبۇرى ئېلىنىدىغان قەرزگە ئوخشاتقانلىقى، ھەمدە بۇنداق قەرزدىن ۋاز كېچىپ، كەڭ قورساق بولۇپ، مۇساپىرلارغا كۆپرەك ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «مۇز دانىچىسىنى ئۇنچە دەپ قالماڭ، سوغاتنى مانچا دەپ سەزمەڭ، ئېرىشكەن نەرسىگە سۆيۈنمەڭ، بىلىملىكلەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ» دېگەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوخشىتىشتىمۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشكە، ۋاقىتلىق بايلىققا قاراپ ئازمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

5) ئەجداتلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىققا ئىنتىلىدىغان قەيسەر روھىنى كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن، بۇ شېئىر ـ قوشاقلاردا ئۇدا بىر قانچە جايدا باتۇرلۇق، قەيسەرلىكنى ئارسلاننىڭ، بۆرىنىڭ ھالىتىگە ئوخشىتىدۇ. ئارسلاندەك باتۇر، قەيسەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن:

tɛgrɛ awip ɛgrɛlim
attin tyʃyp jygrɛlim
arslanlaju køkrɛlim
kytʃi anin kɛwilsun

(دۇشمەنلىنىڭ چۆرىسىنى قورشىۋالايلى، ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى، ئارسلانلاردەك ھۆركىرەيلى، ئۇنىڭ كۈچى ئاجىزلاشسۇن.)[16]

بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىساللاردىكىگە ئوخشاش بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا ئوخشىتىدۇ، مۇسۇلمان بولغان ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا قاراپ ھۇجۇم قىلىپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قىياپىتىنى سۈرئەت جەھەتتىن قۇشلارغا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇر، قەيسەرلىككە ئىنتىلىدىغان روھى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بۇ بۈيۈك ئەسىرىدىكى شېئىرىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئوخشىتىشنىڭ ھەرقايسى ئاساسىي تۈرلىرى قوللىنىلغاندىن سىرت، يەنە بىر قىسىم شاخلانما تۈرلەرمۇ قوللىنىلغان. بۇ ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەردىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇ جەھەتتە «دىۋان»دىكى پارچىلار بىزنى ئاز بولمىغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

[16]«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2-توم 194-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى

## پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـ توم 1980 ـ يىل نەشرى، 2 ـ توم 1983 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توم 1984 ـ يىل نەشرى

2. بايمەتھاجى راخمان تەييارلىغان: «<دىۋان لۇغەتىت تۈرك> دىكى ئەدەبىي مىراسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى

3. ئارسلان ئابدۇللا: «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» «مىراس» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 3 ـ سان

ماۋزۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى:

初探《突厥语大词典》收录的诗歌中使用的比喻